# 145986 ـ شىركەت ھەر يىلى روجىستىۋۇ بايرىمىدا كەچلىك زىياپەت ئورۇنلاشتۇرىدۇ

### سوئال

مەن مالايشىيادا قۇرۇلغان ئامېرىكا شىركىتىدە خىزمەت قىلىمەن، ئۇلار ھەر يىلى يېڭى يىل ھارپىسىدا كەچلىك زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپ بۇنى روجىستۇۋۇ ھارپىسى زىياپىتى دەپ ئاتايدۇ. گەرچە شۇنداق ئاتىسىمۇ ئەمما بۇ زىياپەتتە ئۆز-ئارا ھەدىيە، سوۋغا ئالماشتۇرىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا بايرامغا ئالاقىدار ھېچقانداق پائالىيەت ئېلىپ بېرىلمايدۇ. مۇشۇ زىياپەتكە قاتناششىم توغرا بولامدۇ؟. ئەگەر شىركەت مېنى بۇ زىياپەتنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئەزالارنىڭ قاتارىدا تاللىغان بولسا قانداق قىلىشىم كېرەك؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلىي جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مۇسۇلمان ئۈچۈن قايسى شەكىلدە بولسۇن كاپىرلارنىڭ بايراملىرىغا قاتنىشىشى توغرا بولمايدۇ، بۇنداق قىلىش چوڭ گۇناھلاردىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مۇسۇلماننىڭ بۇ تۈردىكى بايراملارغا قاتنىشىشى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرىشىنى كۆچەيتىدۇ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلماننىڭ بۇنداق بايراملاردا كاپىرلارنى تەبرىكلەپ ۋە ئۇلارغا ھەدىيە-سوۋغا تەقدىم قىلىشى توغرا بولمايدۇ. 947-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بۇ مەسىلە تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

يۇقىرىقى سوئالدا تىلغا ئېلىنغان يىللىق زىياپەتنى ئوونلاشتۇرغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ دىنى بايرىمىنىڭ ئاتىلىشى بويىچە"روجىستىۋۇ" (كىرىسمىس) بايرىمى دەپ ئاتىغان. بۇ پائالىيەتنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى پەقەت بىر كۈن ئەمەس، بەلكى بىرقانچە كۈن داۋاملىشىدۇ. يەنى 24-دىكابىردا باشلىنىپ 6-يانۋارغىچە 13 كۈن داۋاملىشىدۇ.

خىرىستىئانلارنىڭ قارىشىدا بۇ كۈندە ئېلىپ بېرىلىدىغان دىنى پائالىيەتلەردىن: كەچلىك تائام يېيىش: بۇ يېڭى يىل كەچلىك زىياپىتى دەپ ئاتىلىنىدۇ، ھەدىيە-سوۋغات ئالماشتۇرۇش، بۇ يۇقىرىدا سوئالدا بايان قىلىنغان ئۇلارنىڭ مۇشۇ بايرامدا قىلىدىغان ئىشلىرىدىن بىرى، بۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئادەتلەنگەن دىنى بايرام ياكى دىنغا ئالاقىدار بولغان بايرام ھېسابلىنىدۇ، مۇسۇلماننىڭ بۇنداق بايراملارغا قاتنىشىشى ياكى بايرامغا قاتناشقانلارنى تەبرىكلىشى توغرا بولمايدۇ.

شىركەتتىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئادەتتە بۇ زىياپەتكە قاتنىشىدىغان بولسا ياكى بىۋاستە بۇ زىياپەتكە چاقىرىلغان بولسا،

مۇمكىن بولىدىغان ئۆزۈر ۋە ئامال-چارىلارنى قىلىپ قاتناشماسلىق كېرەك. چوڭ شىركەتلەر ئادەتتە شىركەت خادىملىرىنىڭ دىنى تۇيغۇلىرىنى ھۆرمەت قىلىدۇ، شۇڭا ئۇچۇن دىنى تەرەپتىن ئۆزۈر بايان قىلىنغاندا بەلكىم شىركەت خىزمەتچىلىرىنىڭ دىنى تۇيغۇلىرىنى ئېھتىرام قىلىپ، زىياپەتلەرگە قاتناشتۇرۇلماسلىقى مۇمكىن.

يەنىمۇ تەپسىلى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۇچۇن 127500- 85108ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.
ئاللاھ تائالا سىزنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن.

ئالله تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.